# 105360 ـ توغۇلاتقۇدا توغۇلاپ قالغان مېيىتنى شۇ پېتى يۇسا توغرا بولامدۇ؟

## سۇئال

بىر كىشى دوختۇرخانىدا ۋاپات بولدى، دەپنە قىلىش ئىشلىرىنى پۈتتۈرۈپ بولغىچە ئۈچ كۈن توڭلاتقۇدا قويىدى، توڭلاتقۇدىن چىقارغاندا مۇزلاپ قېتىپ كېتىپتۇ، يۇغۇچى ئۇنى شۇ ھالەتتە يۇماقچى بولدى، بۇنداق ھالەتتە مېيىتنى ئولتۇرغۇزۇپ ھەرىكەتلەندۈرۈپ قورسىقىدىكى نەرسىلەرنى سىرتقا چىقىرىش مۇمكىن بولمايدۇ، قانداق قىلىش كېرەك؟ . بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلانى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئەگەر ئىش سوئالدا بايان قىلىنغاندەك بولسا، مېيىتنى توڭلاتقۇدىن چىقىرىپ شۇ ھالەتتە يۇغان بولسا توغرا بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ياخشىلىققا مۇۋەپپەق قىلسۇن، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن."

پەتىۋادا: شەيخ ئابدۇل ئەزىز بىن باز، شەيخ ئابدۇرەززاق ئەپىپىي، شەيخ ئابدۇللاھ بىن غۇدەييان قاتارلىقلار"] .دائىمىي كومىتېت پەتىۋاسى- 8 "توم- 358 بەت].

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.